# 97818 - ئوپېراتسيە جەريانىدا كېسەل ۋاپات بولۇپ كەتسە، دوختۇرغا قانداق مەسئۇلىيەت كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا

## سوئال

كېسەلنى ئوپېراتسيە قىلىۋاتقان دوختۇرلارغا نىسبەتەن، ئۇلار ئوپېراتسيە قىلىۋاتقاندا كېسەل ئوپېراتسيە سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئۇلارغا بىرەر خاتالىق كېلەمدۇ ياكى كاپارەت لازىم بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر ئۇلاردىن سەلقاراش كۆرۈلۈپ شۇ سەۋەپتىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا ياكى دوختۇر ئوپېراتسيىنى ياخشى قىلالماسلىق سەۋەبىدىن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ دوختۇرغا مەسئۇلىيەت كېلىدۇ، يەنى كاپارەت كېلىدۇ. ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە دىيەت ئۆتەيدۇ، ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئاتا تەرەپ ئەر تۇغقانلىرىغا بېرىدۇ، چۈنكى بۇ خاتا ئۆلتۈرۈپ قويغانلىق دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ئوپېراتسيە مۇتەخەسسىسى كېسەلنىڭ ھالىتىنى ئوپېراتسيەگە يارايدۇ، سەل قاراش يۈز بەرمىدى دەپ يەكۈن چىقارسا، بۇنداق ھالەتتە كېسەل ۋاپات بولۇپ كەتسە ئۇلارغا ھېچ خاتالىق كەلمەيدۇ، تۆلەم ۋە كاپارەتمۇ كېرەك بولمايدۇ". ["شەيخ سالىھ پەۋزان پەتىۋالىرىدىن تاللانما" 3-توم 280-بەت].